# ئاينۇر تېلېۋىزورغا ئامراق



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

ئاينۇر تېلىۋىزور كۆرۈشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ بىر كۈنى تېلىۋىزوردا بىر بالىلار پروگراممىسى كۆرۈپتۇ، ئاندىن ھايۋاناتلار پروگراممىسى كۆرۈپتۇ، كەينىدىن يەنە بولدى قىلماي باشقا پروگراممىلارنى كۆرۈشكە باشلاپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا تېلىۋىزورنى ئۆچۈرۈشنى ئېيتىپتۇ، ئۇ:- ئانا، مەن ناھايىتى پايدىلىق پروگراممىلارنى كۆرىۋاتىمەن،- دەپتۇ.



ئانىسى ئۇنىڭغا:- قىزىم، دېگىنىڭىز توغرا، ئەمما تېلېۋىزور ئالدىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇش كۆز ۋە مېڭىگە زىيانلىق، ھەم تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرىۋەرسىڭىز دەرسلىرىڭىزنى قاچان مۇزاكىرە قىلىسىز؟- دەپتۇ. ئۇ:- ئانا، ئاللاھ خالىسا دەرسلىرىمنى ئەتە مۇزاكىرە قىلىمەن،- دەپتۇ.



ئاينۇرنڭ ئەھۋالى ھەركۈنى مۇشۇنداق داۋاملشپتۇ، بر ئايدن كېين ئمتهان ۋاقتمۇ كەپقاپتۇ، ئۇ كۆڭلدە «پەقەت بۇ پروگراممنى كۆرۈپ بولۇپلا دەرسلرمنى مۇزاكرە قلمەن» دەپ ئويلاپتۇ.



بىراق ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ۋاقتىنىڭ ئۆتكىنىنى سەزمەستىن بىر پروگراممىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرنى كۆرۈپ ئولتۇرىۋېرىپتۇ. ئانىسى ئاشخانىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئاينۇرنىڭ دەرسلىرىنى قانچىلىك مۇزاكىرە قىلىپ بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ.




ئانىسى ئاينۇرنىڭ ئاۋۋالقىدەكلا «ئانا، بىر ئازدىن كېيىن مۇزاكىرە قىلىمەن» دېگىنىچە تېخىچە مۇزاكىرە قىلىشنى باشلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كېتىپتۇ.



كەچ بوپتۇ، ئالەمنى ئاستا-ئاستا قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا
باشلاپتۇ، ئاينۇر ئىمتىھان ئۈچۈن دەرسلىرىنى مۇزاكىرە
قىلىشقا باشلاپتۇ، ئەمما ئۇ تېلېۋىزور كۆرۈۋېرىپ بەك
چارچاپ كەتكەچكە ئۇزۇن ئۆتمەي مۈگدەشكە باشلاپتۇ،
ئاخىرى ئۇ كىتابىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ
قاپتۇ.



ئەتىسى ئاينۇر ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن مەكتەپكە بېرىپتۇ،
ئۇ مۇئەللىمنىڭ سورىغان سوئاللىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا
جاۋاپ بېرەلمەپتۇ، مۇئەللىمى ئۇنىڭغا خاپا بوپتۇ، مۇئەللىم
ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن ئانىسىنى
چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ، ئاينۇر قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.



ئۇ ئۆيگە قايتىپ خىجىللىق ئىچىدە ئانىسىغا بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ، ئانىسى رەنجىگەن ھالدا:- سىزنىڭ بۈگۈنكى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىڭىز بىلىنىپلا تۇرغان ئىدى، مانا ئەمدى مۇئەللىمىڭىز مېنىڭ مەكتەپكە بېرىشىمنى ئېيتتىمۇ؟ بۇ نېمىدىگەن نومۇس- ھە؟!- دەپتۇ.



ئاينۇر ئانىسىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ ئانىسىنىڭ ئىلگىرى «ھەرقانچە پايدىلىق پىروگىراممىمۇ بولغان تەقدىردىمۇ تېلېۋىزور ئالدىدا ۋاقتىڭىزنى زايا قىلىۋەتسىڭىز بولمايدۇ، ھازىر سىز ئۈچۈن ئۆگىنىش ھەممىدىن مۇھىم ۋە ئەڭ پايدىلىق» دېگەن سۆزلىرىنىڭ راستلىقىنى بىلگەندەك بوپتۇ.



ئانىسى ئۇنىڭغا :- قىزىم، تەتىلدە پايدىلىق پروگراممىلارنى خالىغانچە كۆرسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ھازىر پۈتۈن زېھنىڭىزنى ئۆگىنىشكە بېرىڭ،- دەپتۇ.

ئاينۇر ئانىسىغا ئۆزۈر ئېيتىپ:- ئانا، بۇنىڭدىن كېيىن دەرسلىرىمنى ئۆگىنىپ بولماي تۇرۇپ ھەرگىز تېلىۋىزور كۆرمەيمەن،- دەپتۇ.

